# شنجاڭ گېزىتى

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 12 ـ ئاي 20 يەكشەنبە

维吾尔文 12 月20日

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报社出版

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25281 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جاۋاب قەغىزى

### ـــ مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جاۋاب قەغىزى تاپشۇردۇق»، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا، بىر يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرگە يۈكسەك باھا بېرىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، 2020 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، 2021 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بىزنىڭ كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «14 ـ بەش يىل»نىڭ ياخشى باشلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلىشىمىز ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

## پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىپ، ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگرۈي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئاچتى، يىغىندا، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 26 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد خىزمىتى تەھلىل قىلىندى، تەتقىق قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئەمدىلا يېپىلغان مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركەز ئاچقان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. يىغىندا بۇ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ئەستايىدىل خۇلاسىلىنىپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بۇ بىزنىڭ ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلىشىمىزدا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە. باش شۇجى شى جىنپىڭ قىلغان مۇھىم سۆزدە، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلى ۋە بۇ يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلەندى، تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا مۇھىم ھۆكۈم چىقىرىلىپ، تەرەققىيات يۆنىلىشى توغرىسىدا مۇھىم، زور تەدبىر چىقىرىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت لايىھەسى ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىندى، بۇ، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت ۋە تۈپ مىزان. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلىشى، قەدەمنى ياخشى ئېلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاشقا، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز

### ـــ مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ئەمدىلا يېپىلغان مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا، بۇ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ئەستايىدىل خۇلاسىلىنىپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بۇ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركەز ئاچقان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلىشى، قەدەمنى ياخشى ئېلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

«بۇ يىل ‹13 ـ بەش يىل›لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل. بەش يىل سىجىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يېڭى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ‹13 ـ بەش يىل›لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەر پات ئارىدا تاماملىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يەنە يېڭى چوڭ پەللىگە كۆتۈرۈلدى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئالغا قاراپ يېڭى چوڭ بىر قەدەم تاشلاندى.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەتقىقات ئىشخانىسى ئۇنىۋېرسال باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چېن دېفېڭ ئىپتىخارلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: كەسكىن، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، مۈشكۈل، ئېغىر دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

بېيجىڭ بالىلار دوختۇرخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار دوختۇرخانىسىنى ئومۇميۈزلۈك ھاۋالىلىك باشقۇرىدۇ

## ئاپتونوم رايونىمىز تۇنجى دۆلەتلىك رايون داۋالاش مەركىزىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن**، ئىختىيارىي مۇخبىر **گو جىڭجىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن باشلاپ، پايتەخت تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى بېيجىڭ بالىلار دوختۇرخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار دوختۇرخانىسىنى ئومۇميۈزلۈك ھاۋالىلىك باشقۇردى، ئىككى تەرەپ قول تۇتۇشۇپ دۆلەتلىك بالىلار رايون داۋالاش مەركىزىنى بىرلىكتە قۇرىدۇ، بۇ يەنە ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان تۇنجى دۆلەتلىك رايون داۋالاش مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

بېيجىڭ بالىلار دوختۇرخانىسى ھاۋالىلىك باشقۇرۇش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش مۇلازىمىتى ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بالىلار كېسەللىكلىرىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، بالىلار كېسەللىكلىرى ئىچىدىكى مۇرەككەپ، قىيىن كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇپ داۋالاشنى رايون ئىچىدە ئۇنۇملۇك ھەل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بالىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە نەتىجە مول بولدى

شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»غا نەزەر

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ خېيفېڭ

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تارىخنى دەلىللەش، شۇنداقلا مەدەنىيلىككە ۋارىسلىق قىلىش. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمىتىدە مول نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى، نەتىجىلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى؛ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش سالمىقى مىسلىسىز بولدى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى «بىخەتەرلىك تورى» بارغانسېرى زىچ توقۇلدى؛ مۇزېيلار ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن تارتىپ ناھىيە، شەھەرلەرگىچە تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تېخىمۇ كۆپ پۇقرا مۇزېي ئارقىلىق تارىخ ۋە مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشالايدىغان بولدى؛ يېڭى تېخنىكا قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئەۋج ئالدۇردى.

### ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى

«كۆپ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تۈرلىرىدە مۇھىم بايقاشلار ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئالاقىدار ساھە تەتقىقاتىدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى.» 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنىدا، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سۇڭ شىنچاۋ شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۆپ تەرىپلىدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى «جۇڭگونى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش» ناملىق مۇھىم، زور تۈرنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، بەش يىلدا تەشەببۇسكار تۈردىن 64نى يولغا قويدى، قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى 10 مىڭدىن ئاشتى، كۆپ تۈرلۈك ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا بىرقەدەر زور تەسىر قوزغىدى.

جېمنەي تۇغتىيەندۇڭ خارابىسىنى قېزىشتا، بۇنىڭدىن 45 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قوراللار ھەمدە روشەن يەر قاتلىمى مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان بىرونزىدىن دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگىچە بولغان مەدەنىيەت جۇغلانمىسى بايقىلىپ، جۇڭگودا تىپىك كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلدىكى مۇستېرىيان مەدەنىيىتى تىپى كەمچىل بولۇشتەك بوشلۇق تولدۇرۇلدى. بۇ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسى 2017 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك يېڭى بايقاش قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

غەربىي تىيانشان بورتالا دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى خۇستا خارابىسى ۋە نىلقا جىرىنتاي جىلغا ئېغىزى خارابىسى، شەرقىي تىيانشان رايونىدىكى خەيزىيەن خارابىسى ۋە خېيشەنلىڭ تۈركۈيىس كان خارابىسىنى قېزىش شەرقىي، غەربىي تىيانشان رايونىنىڭ

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 105 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 105 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2021 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەم نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش، ۋەكىللەر، تەربىيەلەش خىزمىتى پىلانى تەتقىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسى يىغىن ئاچتى

## شىنجاڭ مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۆھپە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە شىنجاڭ مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۆھپە بولۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىن مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانى ۋە مائارىپنى

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



سايرام كۆلىدىكى نەپىس دۇنيا | 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، قىشتىكى سايرام كۆلىنىڭ كۆل يۈزىدە تەرتىپسىز مۇز پارچىلىرى ئۆزگىچە مەنزىرە ھاسىل قىلدى. □ خۇ ۋېيبىن فوتوسى